# ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش، ساقچىلار قوشۇنىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بېيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بېيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، چىگىش، مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى ـ سىرتى ۋەزىيىتى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى، تەرەققىيات، خەۋپسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئامىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەمەلىيەت داۋامىدا، بىز جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، جەزمەن ياخشى خۇلاسىلەپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ قەتئىي توغرا سىياسىي يۆنىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش باش تەلىپى بويىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان يۇقىرى ساپالىق، كۈچلۈك جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن قۇرۇپ ۋە ئىگىلەپ، بارلىق ساقچىلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشقا يېتەكلەش كېرەك. بارلىق ساقچىلارنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەش كېرەك. پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ياخشى كادىر ئۆلچىمى بويىچە، ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرىنى ياخشى تاللاش، كۈچلۈك سەپلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش، ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈپ جاۋابكارلىققا تارتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ پائال ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەم ھاياتىي كۈچكە تولۇشىغا، ھەم تىنچ، تەرتىپلىك بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇقىملىقنى قوغداش بىلەن ھوقۇقنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەم مۇۋاپىق، قانۇنلۇق تەلەپلەرنى ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، ھەم ئاممىنى تەلەپنى قانۇن بويىچە ئىپادىلەپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك. ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، جىنايەتكە زەربە بېرىش، خەلقنى قوغداش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق جىنايەت، قورال ـ ياراغقا چېتىشلىق، پارتلاتقۇچ بۇيۇملارغا چېتىشلىق جىنايەت، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە شەخسلەرنىڭ ئەسەبىيلىك، زوراۋانلىق جىنايىتىگە قارىتا، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەركەشلىك، يېمەكلىك، تېبابەت دورا، مۇھىت قاتارلىقلارغا ئائىت قانۇنغا خىلاپ گەۋدىلىك جىنايەتلەرگە قارىتا يۇقىرى بېسىملىق چۆچۈتۈش ھالىتىنى ساقلاپ، قاتتىق زەربە بېرىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەش بىلەن ئامما تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئامما مۇداپىئە كۆرۈپ، ئامما تۈزەپ، «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»دە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىنى تولۇق قوزغاپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىغا تايىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ جۇڭگو بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئادىللىق، ھەققانىيلىق قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ جان تومۇرى. ئاچقۇچلۇق ھالقىنى تۇتۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش، چەكلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر دېلونى بېجىرىش، ھەربىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، جىنايەتكە زەربە بېرىشنى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن، ئۈنۈمنى قوغلىشىشنى ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن، قانۇن ئىجرا قىلىش مەقسىتىنى قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلى بىلەن ئورگانىك بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ ئەڭ ياخشى قانۇن ئۈنۈمى، سىياسىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئومۇمىي خەلق قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىدىغان، ئىشقا يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەيدىغان، مەسىلىنى ھەل قىلغاندا قانۇندىن پايدىلىنىدىغان، زىددىيەتنى پەسەيتىشتە قانۇنغا تايىنىدىغان ياخشى قانۇنچىللىق مۇھىتى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قاتلامنى ئازايتىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئورگانلارنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ساقچى تۈرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىپ، ئاساسنى پۇختىلاپ، فۇنكسىيەسى ئېلمىي، ئىش ھوقۇقى ئېنىق، قوماندانلىقى راۋان، يۈرۈشۈشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئاپپارات ـ فۇنكسىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى زور كۆلەمدە تۇتۇش، ئاساسنى زور كۆلەمدە تۇتۇش يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇپ، ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەشكە، ساقچى كۈچىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە، كاپالەتنى تۆۋەنگە مايىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاپپارات ئىسلاھاتىغا ياندىشىپ ئالاقىدار سىياسەت، تۈزۈم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، فۇنكسىيەنى سەپلەشنى، ئاپپارات تەسىس قىلىشنى، كۈچ بايلىقنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاپپارات خادىملىرىنى فۇنكسىيەلىك بىرلەشتۈرۈشنى، كەسپىي خىزمەتلەرنى يۇغۇرۇشنى، مېخانىزم تەرتىپىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. چوڭ سانلىق مەلۇماتنى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان چوڭ موتور، جەڭگىۋارلىقنىڭ ھاسىل بولۇشىنى يېتىلدۈرىدىغان يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدىكى سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك. تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشى قىيىن، ئىش بېجىرىشى ئاستا بولۇش، كۆپ قاتراش، قولايسىز بولۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئەمەلىي ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنى بىر دەقىقىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ پولاتتەك غايە ـ ئېتىقادقا ئىگە، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىققا ئىگە، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەتكە ئىگە، پولاتتەك ئىنتىزام ـ ئىستىلغا ئىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنىنى قۇرۇش كېرەك. غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى ساقچىلارنى تەربىيەلەش، روھنى يېتىلدۈرۈش، ئاساسنى مۇستەھكەملەش ئىستراتېگىيەلىك قۇرۇلۇشى قىلىپ دائىم بوشاشتۇرماي تۇتۇپ، ئادەتتە قاتتىق تۇتۇش، دائىم باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ساقچىلاردا ھەقىقىي تۈردە ھېيىقىشنى بىلىدىغان، ھەزەر ئەيلەيدىغان، تۆۋەن چەكنى ساقلايدىغان يۈكسەك ئاڭلىقلىقنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا، باشتىن ـ ئاخىر «قىلچە تەخىر قىلماسلىق»نى ساقلاپ، مەيلى «يولۋاس» ياكى «چىۋىن» بولسۇن، مەيلى قارا، رەزىل كۈچلەر قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەتچىلەرنىڭ «مۇھاپىزەت كونلۇكى» ياكى ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۇششاق چىرىكلىك» بولسۇن، ھەممىسىنى ئىنتىزام، قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تىنچلىق مەزگىلىدە، جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنى ئەڭ كۆپ قۇربان بەرگەن، ئەڭ زور تۆھپە قوشقان بىر قوشۇن. بۇ ئالاھىدە قوشۇنغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش كېرەك، سىياسىي جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەت جەھەتتە قوللاپ، تەمىنات جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈپ، ساقچىلارغا ئېتىبار بېرىش، غەمخورلۇق قىلىش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. خەلق ساقچىلىرىنىڭ شەرەپ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلغار تىپلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ كەسپىي شەرەپ تۇيغۇسى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، تەۋەلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى قوللاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە يولۇققان ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بېيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى گو شېڭكۈن خۇلاسە سۆزىدە مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، مۇنتىزىملىشىش، كەسپلىشىش، كەسپىيلىشىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق، كۈچلۈك جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنى قۇرۇپ، ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي ھالدا سىياسىي بىخەتەرلىكنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، خەلقنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بېيۇروسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى، قىسمەن دۆلەت كومىسسارلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە پىلانى ئايرىم شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىك پارتكوملىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ۋە سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى(ئىدارىسى)دىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئالاقىدار دۆلەت چوڭ كارخانىلىرى، ئارمىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ كېلىشكىنى بويىچە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەمكارلىقنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشقا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى. جۇڭگو سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئوبيېكتىپ، ئادىل مەيداندا چىڭ تۇرغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، قەتئىي ھالدا سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپنىڭ ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىشى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى ۋە «2030 مەنزىلى» ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جۇڭگو بىلەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، جۇڭگو بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئالقىشلايدۇ. جۇڭگو تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ 2020 ـ يىلى 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ رەئىس دۆلىتى بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ ھەم پائال قوللايدۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ بىلەن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداش، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

سالمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگونىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى تەبرىكلەيمەن، ئىشىنىمەنكى، بۇ خەلقئارا تەرەققىيات، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىغا كۈچ چىقىرىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپ سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتتا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ، جۇڭگو بىلەن ھەرقايسى قاتلامدىكىلەر ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشنى ھەم شەرقىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان داۋاملىق ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

# مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە سىياسىي ئىقتىدار ۋە تەشكىللەش كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيەنىڭ شەھەر ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى تەشكىلىي سىستېمىسىنى چىڭىتىپ، سىستېما قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، رايونلار بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، بۆلەكلەر ماسلىشىدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولىدىغان، ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش تەكىتلەندى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتكوم بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، تەشكىلات تارماقلىرى باش بولۇپ مەسئۇل بولىدىغان، ئالاقىدار تارماقلار ۋە كەسپ سىستېمىلىرى تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە مەسئۇلىيەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىنى پۇختىلاشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك سۈپەتنى ئۆستۈرۈش كېرەك.